توختى سابىر

# شۇڭقار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1247.5
104

توختى سابىر

# شوڭقار

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
鹰/托呼提·沙比尔著。—乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2003年2
ISBN7—288—07884—5

Ⅰ.鹰... Ⅱ.①托呼提... Ⅲ.长篇小说 — 中国 —当代维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I280.45
中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第11540号

责任编辑:买·西帕,吾买尔江·穆罕莫德
责任校对:热娜·阿不里米提
封面设计:艾克拜尔·萨力

鹰(吾尔文)
托呼提·沙比尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编 830001)
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32开本 30 印张 4 插页
2003年4月第1版 2003年4第1次印刷

ISBN7—228—07884—5—5/I·941 定价:50.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
ئۆمەرجان مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى : رەناگۇل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-07884-5

9 787228 078844 >

# شۇڭقار

توختى سابىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 30    قىستۇرما ۋارىقى : 4
2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7—228—07884—5/I • 941
باھاسى : 50 يۈەن

# مۇئەللىپتىن

مەن ئون يەتتە يېشىمدىن ئاتمىش بەش يېشىمغىچە قىرىق سەككىز يىل ئىشچىلار ئارىسىدا ئىشلىدىم. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ئۇيغۇر دېھقان پەرزەنتلىرى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىغا كىردى.

ھەممىگە مەلۇم، ئىشچىلار سىنىپى — دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدا يېڭىدىن شەكىللىنىپ زورايغان ئۇلۇغۋار غايە، كوللېكتىۋىزملىق ئەنئەنە ۋە ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جەڭگىۋار بىر سىنىپ.

ھەرقانداق بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش شۇ مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئىنسانىيەت ئالدىدا زىممىسىگە ئارتىلغان تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

مەن ئازادلىقتىن كېيىن ئىشچىلار سېپىگە كىرگەن بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئىشچىلىرى، تېخنىك ـ ئىنژېنېرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر كىتاب يېزىپ چىقىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەندىم. قولۇمدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللار خېلى كۆپ بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. لېكىن، يېڭى، ئۇلۇغ ئەسىر ھارپىسىدا غەيرەت، شىجائەتكە كېلىپ، قەلەم قابىلىيىتىمنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي قولىڭىزدىكى «شۇڭقار» ناملىق بۇ ئىككى توملۇق رومانىنى يېزىپ چىقتىم. رومانىنىڭ تەسىرلىك ھەم قىزىقارلىق ئوقۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، بەدىئىيلىكتە ۋايىغا يەتكۈزەلمەسلىكىمدىن ۋە ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىيالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن! چۈنكى مەن بىر



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

يېگىياچە قەلەمكەش ــ دە ...

شۇنداقتىمۇ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك، جاپا ــ مۇشەققەتلىك كۈن ۋە تۈنلەرنى، بوران ــ چاپقۇن ۋە كەسكىن كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر زامانغا خاس ئوغلانلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئىشچىلار تىلى، ئىشچىلار خاراكتېرى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشتە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە چوڭقۇر ئىزدەندىم. مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر ئەسىرىمدىن ئاز ــ تولا بەھرە ئالسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2000 ــ يىلى، ئۈرۈمچى

# بىرىنچى باب
# قۇتلۇق سەپەر

## 1

•

ئاپرېلنىڭ باشلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەر ـ جاھان خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى.

ئۇزۇن سەپ تارتقان ھەربىي ماشىنا كالوننىسى ھەر كۈنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۈرۈمچى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇغداي بېسىلغان ھەربىي ماشىنا كوزۇپى ئۈستىگە تەگدىمەتلىك ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۈچتىن چىقىۋالغانىدى. كالوننا سىپپى بۈگۈن چېچەكلىرى ئاق بۇلۇتتەك تەكشى ئېچىلىپ، بۇلبۇللار ناۋا قىلىۋاتقان ئۆرۈكزارلىق، نەشپۈتزارلىقلاردىن ئۆتسە، ئەتىسى يېشىللىققا پۈركەلگەن كەڭ مايسىزارلىق، ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان ئېگىز، قېلىن تېرەكزارلىق، ئۇياتچان قىزلاردەك مۇلايىم تەزىم قىلىپ تۇرغان مەجنۇنتالىقلاردىن ئۆتەتتى. ماشىنا ئۈستىدىكى بالىلار باھارنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ بولۇۋېلىپ ئېتىزلاردا، باغلاردا، ئۆستەڭ بويلىرىدا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرسە، بىردەمدىن كېيىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا سۆگەت تاللىرى ھەم ئۈچقۇلاق بولغان تەڭگىتېرەك شۇپۇكلىرىدىن «پىدپىدنىس»، «چوكانتال» ياساپ ئويناۋاتقان قىز ـ چوكانلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىگە زوق بىلەن قاراپ ئۆتەتتى. بۈگۈن ئۇلار باش ـ ئايىغى كۆز يەتمەيدىغان چۆل ـ جەزىرىلىككە قەدەم قويدى. ئۇلار تېخى تۈنۈگۈنلا باھارنىڭ مەيىن شامىلىدىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ، ئىللىق ئاپتاپىدىن ھۇزۇرلانغانىدى. مانا ئەمدى ئالدى تەرەپتىن دەھشەتلىك باستۇرۇپ كېلىد-

ۋاتقان قارا بورانغا دۇچ كەلدى. ياندىكى ئادەمنى پەرق ئەتكىلى بولمايدى-
غان چاڭ – توزان يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ، قۇم – شېغىللار ماشىنىلارنىڭ
ئەينەك، كوزۇپلىرىنى داراڭلىتىپ، ئۈستىدە ئولتۇرغان باللارنىڭ، يۈز –
كۆزلىرىگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى، ماشىنىلار نىشاننى كۆرەلمەي
دەممۇ دەم توختاپ، يول بېغىرلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

بوران كۈچەيگەنچە ماشىنا ئۈستىدىكى يىگىتلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن
راسلاپ بەرگەن ئازگالغا چۆكۈپ، خۇددى ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدىكى
كىچىك شۇڭقار باچكىلىرىدەك تۈگۈلۈۋېلىشتى.

كالوننا بىر ئىككى سائەتتەك يول يۈرۈپ «بوران ئېغىزى» دىن
ئۆتتى، كۈنمۇ سۈزۈلدى. باللار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، نەزەرلىرىنى
يىراق – يىراقلارغا تاشلاشقا باشلىدى.

بىر ماشىنىدىكى باللار بىلەن يەنە بىر ماشىنىدىكى باللارنىڭ
كىيگەن كىيىملىرى ئوخشىمايتتى. بىر ماشىنىدىكى ئۈچ بالىنىڭ كىيىملى-
رىمۇ پەرق قىلىناتتى. بەزىلىرىنىڭ بېشىدا ئۆڭگەن تېرە تۇماق، ئۈستىدە
ئانىسى قولىدا شىرىپ، كۆك سېلىپ تىكىپ بەرگەن كېلەڭسىز پاختىلىق
چاپان، پاختىلىق ئىشتان بار ئىدى. ئۇلار بېلىنى بەلۋاغ ياكى كالا
تېرىسىدىن قوپال ئىشلەنگەن كونا كەمەر بىلەن باغلىۋالغانىدى. بەزىلىرى-
نىڭ ئىچىگە نېمە كىيگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۆڭگەن كۆرەك
جۇۋىسىدا ئۆزىنى مەھكەم ئوراپ، بېلىنى يىپ ياكى چىگە بىلەن باغلىۋال-
غانىدى. ئەتىياز كەلدى، دېگەندەك قىلىپ، يېلىنىڭ ياكى ئەستەرلىك يالاڭ
كىيىم بىلەن چىققانلىرى سوغۇقتىن شۈمشىيىپ كەتكەنىدى. بەزىلىرى
سوغۇقتا ھېلىقى ئورەكتىن چىقماي تۈگۈلۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت
ئۇلارنىڭ بېشىدىكى مۇغەمبىر تۇماق، تاشلىق كونا قۇلاقچىلىرى بىلەن
كەڭ گىرۋەكلىك بادام دوپپىلىرىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. بەزىلىرى قوقتىمۇ
ياكى ئۆزىنى ئاسراشنى ئۆگىنىۋالغانمۇ، سەللا شاماللىق يەرگە كەلگەندە،
دەرھال ئۆڭگەن جۇۋا، تاشلىق جۇۋىلىرىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنى
بوراندىن دالدىغا ئالسا، بەزىلىرى نوچىلىق قىلغاندەك تاكى سېرىق تۈكلە-
رى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكۈچە بۇرۇنلىرىنى مىشىلدىتىپ، جۇۋىسىنىڭ

يېڭىدە سۈرتۈپ قويۇپ، «سەن يامانمۇ ياكى مەن يامانمۇ؟» دېگەندەك پەرۋا قىلماي ئولتۇراتتى.

بۈگۈن ئالدىنقى بىرقانچە تۈركۈمدىكى بالىلارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشىمايدىغان كىيىمدىكى بالىلارنى باشقان ماشىنا كالونىنلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل رەڭدە شالاڭ توقۇلغان كۆل رەڭ رەختتىن ماشىنىدا تەكشى تىكىلگەن پاختىلىق ئىشتان ــ چاپان ۋە پاختىلىق شەپكە كىيىۋالغانىدى، بىر قارىماققا خۇددى ئەينى چاغلاردىكى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئوخشايتتى، ناھايىتى رەتلىك ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. لېكىن، سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، بۇ بالىلارنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئۆزگەكەن، ۋە ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى پارچە ــ پۇرات ياماق سېلىنغانىدى، بۇنىڭدىن بۇ بالىلارنىڭمۇ ناھايىتى كەمبەغەل، مىسكىن ئىكەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ تۈركۈمدىكى بالىلارنىڭ ياش قۇرامىمۇ ئالدىنقى تۈركۈمدىكى بالىلاردىن چوڭراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە يىگىرمىدەك قىزمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئوغۇللار بىلەن ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش پاسوندىكى كىيىم، شەپكىلەرنى كىيىۋالغانلىقتىن، ئاسانلىقچە پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. پەقەت شەپكە ئۈستىدىن گۈللۈك ياغلىق ئارتىۋالغانلىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى تارتاتتى ــ دە، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى.

بۇلار دۆلەتىمىز ئازاد بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭدا قۇرۇلغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە دېھقانلار سېپىدىن ئىشچىلىققا ئېلىنغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئىدى.

## 2

پاكار تامغا يۆلىنىپ، ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرغان بىرقانچە ياشنىڭ ئىچىدىكى يوغان باش بىرى.

بۇ جاي جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى تەرەپكە مېڭىشتا بىردىنبىر

ئۆتەر يول ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قىزىلنىڭ بازىرى قىش، ياز ئادەم ئۈكسمەيدىغان ۋە ئوبدان سودا بولىدىغان بازارلارنىڭ بىرى ئىدى.

ھەر جاينىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بولغىنىدەك، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چوڭ - كىچىك بازارلىرىدىمۇ سودا - سېتىق قىلىشقا كەلگەنلەردىن باشقا، بازار ئىچى ۋە ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەردىن يىل بويى تۇزۇكرەك ئىش قىلمايدىغان بازار « پىچاق » لىرى بولىدۇ. قىزىل بازىرىدىمۇ مۇشۇنداقلاردىن بىر قانچىسى بار ئىدى. ئۇلار سۆزمەنلىك قىلىشىپ، يولدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەم، ھەتتا چارۋىلارغىچە ھەرخىل باھالارنى بېرىشەتتى، سەھرادىن كەلگەنلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. ئېغىزلىد- رىنى ئۇپرىتىپ بازارغا كىرگەن ئادەم، چارۋا - مال، بۇغداي، قوناق تاغارلىرىغىچە سانىشاتتى. قىز - چوكانلارغا ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلاتتى. قىماردا ئۇتقانلارنى ماختاپ، ئوغرىلارنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى. ئۇلار قىش كۈنلىرى قۇياش خېلى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، كونا جەندىلىرىنى كىيىۋد- لىشىپ، تومشۇقىنى چاپان ئىچىگە تىققىنىچە ئاشپۇزۇل ياكى مەش قويغان كىچىك دۇكان ئالدىدا پەيدا بولاتتى - دە، سوغۇقتىن قورقۇپ، يەڭ ئىچىدىكى قوللىرىنى چىقارمايلا ھورۇنلارچە بىر - بىرىگە نوقىلاپ پاراڭغا چۈشەتتى.

ئۇلار ئەتىياز كىرىپ ھاۋا ئىللىشى بىلەن كونا توقۇم - جەندىلىرىنى تاشلاپ، كىيگۈچىلىكى قالمىسىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن كىيىۋالىدىغان، يىرتىلىپ ساڭگىلاپ كەتكەن يازلىق «تون» لىرىنى كىيىپ، كۆرەك تۈگمىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن «قىر» چىقىرىپ نوچىلىق قىياپىتىنى نامايان قىلاتتى. لېكىن، تومۇز كىرىشى بىلەن قاپاق تېرەك ئاستىدا ئۇخلايتتى ياكى بۇ قېرى تېرەكنىڭ ئېچىلىپ قالغان ھۆررەك يىلتىزلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ جاھانبازلىق لاپلىرىنى باشلايتتى.

بۈگۈن ئۇلارنىڭ پارىڭى بۇغداي باسقان ماشىنا ئۈستىدىكى باللار توغرىسىدا بولدى.

—— سەن كۆندە ساناپ تۇرۇپمۇ جەملىيەلمىدىڭمۇ؟ —— دېدى ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇپ، ئۆزىنى ھېسابچىمەن دەپ سانايدىغان ۋىجىك

يىگىت مەغرۇر قىياپەت بىلەن يوغان باش يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ:

— ماڭىغۇ ئۇلار ئۈتۈۋاتقىلى بىر ئاي بولغاندەك بىلىنىپ كەتتى، — دېدى دەلدۈش چىراي، چېقىر كۆز، سېرىق چىش، يوغان باش يىگىت پاتىڭنى سىلاپ قويغاچ.

— بېشىڭ يوغان بولغان بىلەن پىشمىغان قاپاقكەن ـ ھە؟ — دېدى ۋىجىك ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، — شۇنچىلىك ھېسابنىمۇ توغرا چەملىيەلمەي، بىر ئاي بولدى دەۋاتقىنىنى، ئۇلار ئۆتۈۋاتقىلى بۈگۈن توپتوغرا ئون كۈن بولدى. ئىشەنمىسەڭ مەن جىجىلاپ قويغان ماۋۇ تامدىكى سىزىققا قارا! ھەر كۈنى ئىككى تۈركۈمدىن ئۆتسە، ئون كۈندە يىگىرمە تۈركۈم بولدى، دېگەن گەپ. بىر تۈركۈمى ئون ماشىنىكەن، ھەربىر ماشىنىدا ئۈچتىن بالا ئولتۇرۇپتۇ. دېمەك ئون تۈركۈمى يۈز ماشىنا، يىگىرمە تۈركۈمى ئىككى يۈز ماشىنا بولىدۇ. بىر ماشىنىغا ئۈچ بالا ئولتۇرغاندا، ئون ماشىنىدا ئوتتۇز، يۈز ماشىنىدا ئۈچ يۈز بالا، ئىككى يۈز ماشىنىدا توپتوغرا ئالتە يۈز بالا بار دېگەن گەپ، بىلدىڭما؟ — ۋىجىك بارماق ساناش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابنى چىقىرىپ بولۇپ، يوغان باشنىڭ غولىغا پاققىدە ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، — قانداق؟ — دېدى.

— بىر قانچە ماشىنىدا ئىككىدىنمۇ بالا ئولتۇرۇپتىغۇ؟ ئۇنداقتا قانداقچە ئالتە يۈز بالا بولىدۇ؟ — دېدى گەپ تىڭشاپ تۇرغان قارا قاش، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭ بالا قوۋۇشتۇرۇۋالغان قوللىرىنى كالتە چاپىنىنىڭ يېڭىدىن چىقارمايلا شوڭغۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۇستۈپشى ئىككىسىدىنگكىدىن يېڭىراق بولۇپ، ئۇنى خېلى سالاپەتلىك، چىرايلىق كۆرسىتەتتى.

— ئىككى ـ ئۈچلا ماشىنىدا شۇنداق، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساپلا ئۈچتىن بالا، — دېدى ۋىجىك تالىشىپ.

— شۇنداقتىمۇ ئالتە يۈز بولمايدۇ. مەنلا ھېساب بىلمەن دەمسەن؟ ھەممىسنىقوشقاندا بەش يۈز توقسان يەتتە، كۆپ بولسا بەش يۈز توقسان سەككىز بولىدۇ، — دېدى يوغان باش ۋىجىكنىڭ ھېسابنى خاتاغا


此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

چىقىرىپ.

— سەن نېمىلەر قانداق نەرسىنى قانداق ھېسابلاشنى بىلەمتىڭ؟ — قولىنى شىلتىپ سۆزلەپ كەتتى ۋىجىك، — ئەگەر ئېلىم ـ بېرىمدە پۇل ھېسابلىساق ياكى كالا ـ قوي پادىلىرىنىڭ ھەققىي سانىنى ئالماقچى بولساق بىرسىمۇ ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكۈزمەي سەنلەر دېگەندەك ھېسابلايمىز. بۇ دېگەن ماشىنا ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم تۇرسا، مۇشۇنداق ئۆرە ھېسابلىماي قانداق ھېسابلايتتۇق؟ بۇنى چوڭ ھېساب، دۆڭ ھېساب دەيمىز. بىر قانچە ئادەمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئالتە يۈزدەك بالا ئۆتتۇپ كەتتى، دېسەكلا بولمىدىمۇ؟

يوغان باش بىلەن قارا كۆز ھېسابنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدىمۇ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ ھەيران قېلىشتى.

— بۇ ھېلىلىنىڭ قورسىقىدا خېلىئۇمچى بار جۇمۇ! — دېدى قارا كۆز ئۇنى ماختاپ.

— بىكاردىن ـ بىكار نېمە لەقىمىمنى ئاتايسەن؟ مەن سەنلەرنىڭ كىنى بىلمەمدىكەنمەن؟

— لەقىمىڭنى ئاتىغان بىلەن ماختىدىمغۇ! — دېدى قارا كۆز ئۇنىڭغا يېلىنىپ.

ۋىجىك بوشاشتى.

— مەيلى ئالتە يۈز بالا بولسۇن ياكى بەش يۈز توقسان سەككىز بالا بولسۇن، نېمانداق جىق بالىلار بۇ، نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ شۇنى تاپە؟ — دېدى يوغان باشمۇ ۋىجىكنى ئۇچۇرۇپ. يوغان باش ۋىجىكنىڭ ئۆزىنىڭ لەقىمىنى دەۋىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. شۇڭا، ۋىجىك:

— بىر دەۋەتەي دېۋىدىم، خەير بوپتۇ، — دېدى يوغان باشنىڭ ئۇچۇرما سۆزىدىن كېيىن.

— ئەسكەر قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قارا كۆز كۆزىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە نەزىرىنى بالىلار تەرەپكە تىكىپ.

— تاپالمىدىڭ! — دېدى ۋىجىك مەمەدانىلىق بىلەن، —

ئەسكەر قىلىنغان بولسا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بەلگىسى يوق كىيىمنى شۇ جايدىلا تارقىتىپ بېرىدۇ. قارىماسەن ئۇلارنىڭ ئۇستۇاشلىرىغا، ھەر خىل كىيىملەرنى كىيىۋاپتۇ. بەزىلىرىنىڭ كىيىملىرى خىلىلا يېڭى ئىكەن. قول ئىلكىدە بار ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ئوخشايدۇ. لېكىن، كۆپلىرىنىڭ كىيىملىرى تولىمۇ ناچاركەن. ھەممە يەرلىرىدىن مازلىرى چۇۋۇلۇپ، ساڭگىلاپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ماشىنىدا ئولتۇرغىنىنى دېمىسە بىزدىن نېمە پەرقى؟

— ھازىرقى ھۆكۈمەت باينىڭ بالىلىرىنى ھېچ يەرگە ئالمايدۇ ۋاي! — دېدى يوغان باش ۋىجىكنىڭ سۆزى تۈگمەيلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— مەن باينىڭ بالىلىرى دېمىدىم، قول ئىلكىدە بار ئادەملەرنىڭ بالىلىرى دېدىم، — دېدى ۋىجىك گېپىنى يورغىلىتىپ.

— ئوخشاش گەپ، — دېدى يوغان باش تەن بەرمەي.

— قانداقچە ئوخشاش گەپ بولىدىكەن؟ — ۋىجىك ئۆرىدەشكە باشلىدى، — ئاخشام يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا كەلگەن كادىرلار مەجلىستە سۆزلىگەندە، تەركىبنى قانداق ئايرىش توغرىسىدا ئېنىق دېدى. تەركىب پومېشچىك، باي دېھقان، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دەپ ئالتە خىلغا بۆلۈنىدىكەن. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ يامان كۆرىدىغىنى پومېشچىك بىلەن باي دېھقانىكەن. قالغانلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز دەيدۇ. كەمبەغەلگە يۆلىنىدىكەن. قول ئىلكىدە بار دېگەنلەر كۆپ دېگەندە، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ياكى ئوتتۇرا دېھقانغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

— مەن ئۇ كادىرنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرىنىمۇ چۈشەنمىدىم، — دېدى يوغان باش بېشىنى قاشلاپ قويۇپ.

— سەن نېمىلەرنىڭ ساۋاتىڭ بولمىسا قانداق چۈشىنەتتىڭ؟ — دېدى ۋىجىك ئىككىسىنى مەنسىتمىگەندەك مەيدىسىنى كېرىپ.

— بۇنىڭ 3 - سىنىپقىچە ئوقۇغىنىمۇ ئەسقاتتۇۋاتىدۇ. بىزگە قارىغاندا كۆپ گەپلەرنى تۇتۇۋاپتۇ، — دېدى قارا كۆز ئوقۇمىغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك مەيۈس ھالدا.

ئەمدى ئىككىسىنىڭ ۋىجىككە ئالاھىدە ھەۋسى قوزغالدى ـ دە، ئۇنى ماختاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، ۋىجىك تېخىمۇ قىنىغا سىغماي بىلەرمەنلىك قىلغىلى تۇردى:

ـــ مەن سىلەرگە ئۇلارنىڭ قەيەرلىك باللار ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرۇپ بېرەيمۇ؟ ـــ دېدى ۋىجىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەنگەن مۇئەللىمدەك ئىككىسىنىڭ ئالدىدا روبىرو تۇرۇۋېلىپ، ـــ تونۇغۇن ئۆتكەن ماشىنىدىكى ئوخشاش كۆل رەڭ كىيىم كىيگەن باللار قەيەرلىك بىلەمسىلەر؟

يوغان باش بىلەن قارا كۆز ۋىجىكنىڭ ئالدىدا يەنە يېڭىلىشىپ، مازاققا قېلىشتىن قورقۇپ جىم بولۇۋالدى.

ـــ تاپالمىدىڭلارما؟ مانا ئەمەسمۇ؟ ـــ ۋىجىك ئۆزىنى تېخىمۇ كۆز ـ كۆز قىلىپ مەسخىرە قىلىپ كۈلگىلى تۇرۇۋىدى، يوغان باش پولتوڭگىدە گەپ ئېچىپ:

ـــ قەشقەرلىق، ـــ دېدى خىيالىغا كەلگەنچە.

ـــ تاپالمىدىڭ يوغان باش! ـــ ۋىجىك تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى.

ـــ ئەمىسە قەيەرلىك؟ ـــ سورىدى قارا كۆز تەققەززا بولۇپ، ۋىجىك قەستەن دىگىلى ئۇنىماي ئاسمانغا قاراپ تۇرۇۋالدى.

ـــ دېمىسەڭ دېمە، قەيەرلىك بولۇشى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز، ـــ دېدى يوغان باش ئاڭلىماسلىقنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ. ۋىجىك ئەمدى ئالدىراپ قالدى ـ دە:

ـــ ئۇلار يەكەنلىك! ـــ دېدى ئىشەنچ بىلەن.

ـــ قانداق بىلدىڭ؟ ـــ سورىدى يوغان باش ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

ۋىجىك چوڭ بىر سىرنى ئېچىۋاتقان رازۋېدكىچىدەك ئەستايىدىللىشىپ:

ـــ مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى بېشىغا قارا قولاقچا كىيىپ، ئۈستىدىن گۈللۈك ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان قىزنىڭ ھاشى كاسكاستىن

تۇخۇم سېتىۋالغاندا دېيىشكەن سۆز شېۋىسىدىن بىلىۋالدىم. يەكەنلىكلەر «بىيەملىيا»، «قىلامىلىيا» دەپ سۆزلەيدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدە بىر يەكەنلىك ئائىلە بار. ئۇلار سۆزىدىن تارتىپ خوتۇن بالىلىرىغىچە ئاشۇنداق سۆزلەيدۇ، — دېدى ۋىجىك ئىككىسىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتقانلىقىدىن كۆرەڭلەپ.

ھەيران قالغان يوغان باش:

— ئۇلار نېمىشقا ئوغۇل، قىز دېمەي، بىر خىل كۆڭلەك كىيىم كىيىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى سەن تېخىمۇ چۈشەنمەيسەن، — دېدى ۋىجىك كېرىلىپ، — ئۇلار يېتىم بالىلار، دارىلئاجىزىنىڭ بالىلىرى. دارىلئاجىزىنىنى بىلەمسەن؟ يېتىم بالىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپ. بۇنداق مەكتەپنى دارىلئېيتاممۇ دەيدۇ.

ۋىجىك بىلەرمەنلىك قىلىپ گەپ شاخلاتقىلى تۇرغانىدى، يوغان باشنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمدى قىزىقمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، گېپىنى قىسقارتىپ، ئۇنداق مەكتەپكە قانداق بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، قانداق كىيىم تارقىتىدىغانلىقىنى، قانداق تاماق يەيدىغانلىقىنى، بىر ياتاقتا نەچچە بالا ياتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممە چىقىمىنى ھۆكۈمەت بېرىدىغانلىقىنى قىسقا تونۇشتۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى.

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن ئاللىقاچان زېرىككەن يوغان باش ئۇنىڭ يەنە سۆزلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ:

— قوي بۇ گەپلىرىڭنى، مانى دېگىنە! بۈگۈن ئەجەب بۇ ۋاقتقىچە بىرمۇ ماشىنا ئۆتمەيدىغۇ؟ — دېدى.

— باشقا يول بىلەن كەتتىمۇ يا؟ — دېدى قارا كۆز، كۆزىنى چىمىلدىتىپ.

— ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ھەرقانداق ماشىنا، ھارۋا، ئات، ئېشەك كارۋانلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قىزىلدىن ئۆتمىسە باشقا ئۆتەر يول يوق. مۇز داۋان بىلەن ماڭسا ئۆلىغا بارىدۇ. لېكىن، مۇز داۋاندىن ئات، ئېشەك ئۆتەلەيدۇ. ماشىنا، ھارۋا دېگەنلەرنىڭ ئۆتەلمەيدۇ. ئۇلار چوقۇم تۈگىدى.

بولمسا ھەركۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئۆتىدىغان ماشىنا ھازىر چۈش بولاي، دەپ قالدى، نېمىشقا ھازىرغىچە بىرسىمۇ ئۆتمەيدۇ؟ — ۋىجىك كېسىپلا ھۆكۈم قىلدى.

—بونچە جىق ئىشلارنى قانداق بىلسەن؟ — يوغان باش خۇشامەت كۈلكىسىنى چېقىر كۆزىگە يۈگۈرتۈپ سورىدى.

— بىلىدىغانلاردىن ئاڭلىۋالغان. سەن يوغان باشقا قورساققا يەيدىغان نەرسە بولسىلا بولدى، باشقا گەپ خۇشياقمايدۇ.

— ئۇنداق ئىشلارنى بىلمىسەك نېمە بوپتۇ؟ — ئاغزىنى پۈرۈش-تۈردى يوغان باش، — گەپ ئاڭلايمەن دەپ سەندەك سوغۇقتا شۈمشىيىپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟

— تۇرۇڭلار كېتەيلى! ھاشى كاسكاس بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋىجىك ئىككىسىگە پىچىرلاپ. ئۇ ھاشى كاس-كاسنىمۇ سەنلەردىن بۇرۇن مەن كۆردۈم دېگەندەك: — بىلىشكە تېگىشلىكنى بىلمىسەڭ ئاشۇنداق كالىدەك پۈشۈلداپ ئولتۇرىسەن، — دېدى.

— ھەي ھەسەك! ھېلىقى باللار ئەمدى ئۆتمەمدىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھاشى كاسكاس ئۇلار قوزغىلىپ بىرقانچە قەدەم مېڭىشىغا، — تۇخۇم بىلەن قېتىق سېتىپ خېلى پۇل قىلىۋالغانتىم!

قىرىق ياش چامىسىدىكى سېمىز، سېرىق چىراي، پوسما قاشلىق ئايال ئېشەك ھارۋىسىنى خۇددى ئۆزى سۆرىگەندەك ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆتكۈر كۆزىنى پات - پات تاشيول تەرەپكە تىكىپ، يىراق - يىراقلارغا سەپسېلىپ قارايتتى.

— بىز نەدىن بىلەيلى! بۇ چاغقىچە كەلمىگەنىكە قارىغاندا، تۈگىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ۋىجىك.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەجەب يامان ھارىملار باركەن، — ھاشى، كاسكاس سۆزلىگەنچە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى، — بىر ھارىمى ئۆزى كىچىك تۇرۇپ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ. تازا كېلىشتۈرۈپ بىر تىللاپتىكەن-مەن، قېتىقنى ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي تىكىۋەتتى. ھا - ھا -

ھا!

— بېقىنىڭنى چىمدىۋالدىمۇ؟ — دېدى يوغان باش سىد-
رىق چىشلىرىنى چىقىرىپ.

— بېقىنىمنى چىمداپ ئۈنىڭ ھەددىمىتى! قولىنى ئۈزاتقان بولسا، قېتىقنى چىنە بىلەنلا بېشىغا كىيدۈرەتتىم، ئۇ ھارىمى مېنى بىلمەيدۇ دەپ چاغلاپ، بىز سايراملىقلارنى زاڭلىق قىلىپ: «ئاچا! بۇ نېمىنىڭ قېتىقى؟» دەۋاتىدۇ. «ئانىڭنىڭ قېتىقى، قىسىر بولغان ئاچاڭنىڭ قېتىقى!» دېدىم، ھا - ھا - ھا! مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن ياقا يۇرتلۇقلار-نىڭ ھەممىسىلا شۇنداق دەيدۇ، بېشىڭنى يەيدىغانلار ... ئۇ يەنە بىر نېمە دەي دەپ تۇراتتى، ماشىنىدىكىلەرى چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىر خەنزۇ شوپۇر ۋارقىراپ چاقىردى. بولمىسا دەيدىغان بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق گېپىم بارتى . . .

— شۇ گەپمىدى؟ مەن تېخى كۆكسىڭنى تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. كۆكسىڭنى تۇتۇپ قويسا يالغاندىن خاپا بولسەن ئەمەس-مۇ؟ — دېدى يوغان باش قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— نېمە ئېمىدىغاندەك قارايسەن بۇ يەرگە؟ ئەمگۈك كېلىۋاتامدۇ؟ سەن كالا باش بەش ياشقىچە ئاناڭنى ئەمگەن، خۇمارىڭ تۇتۇپ كەتكەندە تاللادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ، قازان بېشىدىكى ئاناڭنى كاڭغا باسماداپ قانغۇچە شۇمۇپ، يەنە ئوينىغىلى چىقىپ كېتەتتىڭ. شۇڭا، بېشىڭ كالى-نىڭكىدەك چوڭ. كېلە موزىيىم، بىر ئەمدۈرۈپ قويايى!

ھاشى كاسكاس چوڭ كۆكسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقىنىچە يوغان باش تەرەپكە باستۇرۇپ كەلدى. يوغان باش بەدەر قاچتى، ئەتراپتىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۇن نەچچە قەدەم نېرىغا بارغاندىن كېيىن توختاپ كەينىگە قارىدى، ھاشى كاسكاس ئەمدى ھەسەك ۋىجىك بىلەن ئېيتىشقىلى تۇرۇپتۇ.

— ماۋۇ ۋىجىك ئانىسىنىڭ سۈتى يەتمەي، ئۆچكە ئېمىپ چوڭ بولغان. شۇڭا، ئۇ مۇشۇنداق پىستە بولۇپ قالدى. سەنلەر مېنى، بىزنىڭ ئېشلىرىمىزنى بىلمەيدۇ دېيىشمە! ھەي يوغان باش، قايتىپ كەل! ھەسەك

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com